ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ پويىزغا ئولتۇرۇشىغا پۇختا، ياخشى مۇلازىمەت قىلدى

# ئوقۇغۇچىلار ئۆيىگە تېخىمۇ بىخەتەر قايتتى، مەكتەپكە قايتىشى تېخىمۇ ئاسانلاشتى

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

مۇخبىرىمىز **جاۋ شىيا** خەۋەر قىلىدۇ: «ئىلگىرى چوڭ ـ كىچىك يۈك ـ تاقلارنى ئېلىپ ۋوگزالدىن چىقىپ، قايتا 2 ـ قېتىم ۋوگزالغا كىرىپ بېلەت تەكشۈرتەتتۇق، بۇ يىل مەيلى ۋوگزالغا كىرىش ـ چىقىشتا بولسۇن ياكى بېلەت چىقىرىشتا بولسۇن كۆپ قولايلىشىپتۇ.» 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ۋوگزالىدا، يازلىق تەتىلدە ئۆيىگە قايتقان چاغدىكى پويىزغا ئولتۇرۇش تەسىراتى توغرىسىدا توختالغاندا، مەكتىپىگە قايتىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان ۋۇخەن شەھەرلىك خەنتيې تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مەربىيە نۇرمەمەت باشقىچە ئازادىلىك ھېس قىلدى.

بۇ يىل يازلىق تەتىلدە، مەربىيە ۋۇخەندىن يولغا چىقىپ، 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەتىگەندىلا ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، خىزمەتچى خادىملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە پويىز كۈتۈش زالىغا كىردى، ئارقىدىنلا شۇ كۈنى سائەت 12دىكى ئۈرۈمچىدىن غۇلجا شەھىرىگە بارىدىغان پويىزغا ئالمىشىپ، شۇ كۈنى كەچتىلا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولدى.

ئوخشاشلا ئازادىلىك ھېس قىلغانلاردىن يەنە ۋوگزالغا كۈتۈۋېلىش ـ ئۇزىتىشقا چىققان ئوقۇتقۇچىلار ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ ۋوگزالدا كۈتۈۋالغۇچى خادىملىرىمۇ بار ئىدى. «ۋوگزالدا كۈتۈۋېلىش ئەمدى ۋىلايەت، ئوبلاست بويىچە ئايرىلماي، بەلكى ئارىلاش سەپ تۈزۈلدى، مەسىلەن، ئاتا ـ ئانىلار ۋوگزالدا كۈتۈۋېلىش، شۇ كۈنى ئوتتۇرا بېكەتتە ئالمىشىش، ئەتىسى ئوتتۇرا بېكەتتە ئالمىشىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈركۈمگە ئايرىلدى. بۇنىڭدا ئۈنۈم ئېشىپلا قالماي، يەنە بىز خىزمەتچى خادىملارنىڭ خىزمەت مىقدارىمۇ يېنىكلىدى.» قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ۋوگزالدا كۈتۈۋېلىشقا مەسئۇل خادىمى پەن دېيلىك تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرىكى يىللاردا ۋوگزالدا كۈتۈۋېلىشقا ئالتىدىن سەككىزگىچە خىزمەتچى خادىم كېتەتتى، بۇ يىل پەقەت ئىككىلا خىزمەتچى خادىم بولسىلا بولىدىغان بولدى».

يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان ئىچكىرىدىكى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى يازلىق تەتىللىك توشۇش خىزمىتىگە چېتىلىدىغان تارماقلار كۆپ، ئۆلكە، شەھەرلەر كۆپ، توشۇلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، ھەر يىلى ئىچكىرىدىكى مەكتەپلەر ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى زور تۈركۈمدىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە كادىرلارنى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش، ئۇزىتىشقا تەشكىللەشكە تاللاپ ئەۋەتەتتى.

ئىچكىرىدىكى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى يازلىق تەتىللىك توشۇش خىزمىتىنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى باش تېما تەربىيەسى جەريانىدا مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىلىرىنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى كەڭ دائىرىدە توپلاپ، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى يازلىق تەتىللىك توشۇش شەكلىنى ئىجادىي تۈزىتىشنى قارار قىلدى.

بۇ يىل يازلىق تەتىللىك توشۇش خىزمىتىنىڭ بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، مائارىپ نازارىتى ۋاقتىدا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، تۆمۈريول تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ، تەھلىل قىلىپ، مەكتەپكە قايتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېلەت ئېلىش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇردى ھەم مەخسۇس مۇلازىمەت نۇقتىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېلەت ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى قىلدى. مائارىپ نازارىتى ئۈچىنچى تەرەپ مۇلازىمىتىنى سېتىۋېلىش شەكلى ئارقىلىق ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن ئوقۇتقۇچىلارنى ۋوگزالدا كۈتۈۋېلىش ـ ئۇزىتىش، ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، مۇلازىمەتنى تېخىمۇ كەسپىي، تېخىمۇ يېقىشلىق قىلدى.

مائارىپ نازارىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېلەت سېتىۋېلىش، پويىزغا ئولتۇرۇش، توشۇش ۋە ئوتتۇرا بېكەتتە ئالمىشىش قاتارلىق ھالقىلارنى چۆرىدەپ بىر قاتار ئىجادىي تەدبىرلەرنى قوللاندى، ئىلگىرىكى «بولۇشىغا ئۈستىگە ئېلىۋېلىش» مۇلازىمەت باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى «ھەرقايسى تەرەپلەر ماسلىشىش، ئوقۇغۇچىلار ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش» يېڭى ئەندىزىسىگە ئۆزگەرتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋوگزالدا كۈتۈۋېلىش ھالقىسىدا، مائارىپ، تۆمۈريول تارماقلىرى ۋە يەرلىكتىكى باشقۇرۇش كومىتېتلىرى ۋوگزالدا بىرتۇتاش خىزمەت مۇلازىمەت پونكىتى تەسىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش ـ ئۇزىتىش، ئوتتۇرا بېكەتتە ئالمىشىش ۋە جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى دەل جايىدا ياخشى ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلارنى خاتىرجەم قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار، ئاتا ـ ئانىلار، مەكتەپلەرنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈردى.

«ئىچكىرىدىكى سىنىپ تەسىس قىلغان مەكتەپلەر ئەمدى زور تۈركۈمدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى ئوقۇغۇچىلارغا ھەمراھ بولۇپ شىنجاڭغا قايتىشقا ئورۇنلاشتۇرمايدىغان بولدى، بەلكى ئوقۇغۇچى كادىرلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پويىزغا ئولتۇرۇش تەرتىپىنى قوغدىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. بۇ يىل بىز يەنە ‹تەتقىقات ـ ئۆگىنىش سەپىرى› ۋە ئوقۇغۇچىلار يازلىق تەتىللىك لېكسىيە سۆزلەش مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يولدا يۇرتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئىچكىرىدىكى ئوقۇش، ئۆسۈپ يېتىلىش كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن يولۇچىلارغا يۇرتىنى تەشۋىق قىلىپ، شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى روھىي قىياپىتىنى نامايان قىلىشنى تەشەببۇس قىلدۇق» دېدى مائارىپ نازارىتى ئىچكىرىدىكى شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ دېڭۋېي تونۇشتۇرۇپ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى تۇتۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەرقايسى باشلامچى ئورۇنلارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھەركىم ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، زىچ ماسلىشىش، باش نىشانىنى چىڭ كۆزلەش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزەش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، چوڭقۇر ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئۆزگەرتىپ، تۈزىتىش لايىھەسىنى تولۇق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزىتىش مۇھىم نۇقتىسىنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى، نىشانىنىڭ ئېنىق بولۇشى، مەسئۇلىيىتىنىڭ ئايدىڭ بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپتە چىڭ تۇرۇپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، ھەقىقىي قول سېلىپ، قىيىنغا تېگىش قىلىپ، سىياسەتنى ئۇنىۋېرسال يۈرگۈزۈپ، ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتنىمۇ تۈزەپ، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تىزىملىك تۇرغۇزۇپ، مەسىلىلەرنى جايىدا ئۆزگەرتىش، ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆزگەرتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىي ئىشنى تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلارغا پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئاممىنىڭ جان ـ جان مەنپەئەتىگە چېتىشلىق ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلارنى كۈچەپ ياخشى بېجىرىش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزەشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى كۈچەيتىپ، تۈزەش نەتىجىلىرىدىن ھەقىقىي ياخشى پايدىلىنىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ھەر مىللەت ئاممىغا باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مەركەز مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش قايتىما ئىنكاس پىكىرىگە ئاساسەن تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تۈزىتىش خىزمىتى باشلانغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تۈزىتىش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە ۋە خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نازارەت قىلىش ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزىتىش خىزمىتىدە پائال نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قارلىق، مۇزلۇقمۇ بىر بايلىق، دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەركەز مۇھىت ئاسراشنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش بويىچە تۈزىتىشنى سجىل ياخشى تۇتۇپ، ئېكولوگىيە قىزىل سىزىقى، تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، يېزىلاردىكى ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بولغان ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا «شىنجاڭ توققۇزتارا ياۋا ياڭاق تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە يىرىك پىلانى (2018 ـ 2027 يىل)» «شىنجاڭ پامىر ئېگىزلىكى سۇلۇق يەر تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئومۇمىي يىرىك پىلانى (2018 ـ 2027 يىل)» «شىنجاڭ ئوتتۇرا كوئېنلۇن تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئومۇمىي يىرىك پىلانى (2018 ـ 2027 يىل)» «شىنجاڭ تيەنچى بوغدا چوققىسى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنىڭ ئومۇمىي يىرىك پىلانى (2018 ـ 2027 يىل)» قاراپ چىقىلدى.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

---

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «پىكىر» بېسىپ تارقاتتى

# يېڭى دەۋردە مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مائارىپنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ بىپايان زېمىنىدا يىلتىز تارتىپ مائارىپ باشقۇرۇپ، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، مائارىپنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش، مائارىپتا كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇشنى تېزلىتىپ، تىرىشىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت زور ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالىدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتتە ئەتراپلىق يېتىلگەن قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

يېڭى دەۋردە مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى توغرىسىدا، «پىكىر»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: بىرىنچى، پارتىيەنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى قۇرۇلۇشىغا بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئىككىنچى، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى قۇرۇلۇشىنى پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسى ئارقىلىق قوراللاندۇرۇش بىلەن ماس قەدەمدە ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش، دەرسخانىلارغا كىرگۈزۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا كىرگۈزۈشكە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى خەلق مائارىپىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچى، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردە ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنىڭ ئىدىيەۋىلىكى، نەزەرىيەۋىلىكى ۋە يېقىنلىقى، قاراتمىلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. تۆتىنچى، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنىڭ دەرسلىك سىستېمىسىدىكى سىياسىي يېتەكچىلىك ۋە قىممەت يېتەكچىلىكى رولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تۈرلۈك دەرسلىك بىلەن ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ماسلىشىش ئۈنۈم ئېففېكتى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. بەشىنچى، يۇقىرى ساپالىق، كەسپىيلەشكەن ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، بۇ قوشۇننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا پائال سەھنە ھازىرلاش، شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ئالتىنچى، مەسىلە يۆنىلىشى بىلەن نىشان يۆنىلىشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى قۇرۇلۇشىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇن شەكلىدىكى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي، نەزەرىيە ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، بىلىش، ھېس قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ھەرىكەتنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

---

# بارلۇق تېغىنى چىڭ ساقلاش ئەسلى مەقسىتى

## —— مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى مېي ليەن توغرىسىدا

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
**يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر**

□ مۇخبىرىمىز جاڭ شياۋيەن

مېي ليەن چوڭ تاغ ئىچىدىكى بىر دوختۇر —— قازاق مىللىتىدىن بولغان چارۋىچىلار ئاقىنلار ئېيتىشى شەكلىدە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيىلىدى؛ بىڭتۇەن چېگرا ليەندۈيىنىڭ داۋالاش ئۆيىدىكى بىر ئايال دوختۇر —— ليەندۈيدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بەس ـ بەستە مۇخبىرغا ئۇنىڭ تىببىي ئەخلاقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئاساسىي قاتلام تۇەنچاڭ دوختۇرخانىسىنىڭ ئىلگىرىكى بۇ مەسئۇلى مۇنداق دېدى: «مەن بىر پارتىيە ئەزاسى، چېگرانى ساقلاپ كېسەل داۋالاش مېنىڭ ئەسلىي مەقسىتىم ۋە بۇرچۇم!»

ھازىر بىڭتۇەن 9 ـ شىسى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان مېي ليەن مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئەينى چاغدا جۇڭگو تېبابىتىنى ئۆگىنىپ «يالاڭ ئاياغ دوختۇر» بولۇشۇم تاغدىن ماتېرىيال تېپىپ ئۆسۈملۈك دورىسى ياسىغىلى بولىدىغانلىقى، پۇل ئالماي يىڭنە سانجىپ كېسەل داۋالاپ، تۇەنچاڭدىكى ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش خىراجىتىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى.

### ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاممىنىڭ قەلبىدىكى ياخشى دوختۇر

مېي ليەن بارلۇق تېغىدا تۇغۇلغان ئىككىنچى ئەۋلاد ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا 9 ـ شى 161 ـ تۇەندە تۇرمۇش كەچۈرۈپ چوڭ بولدى.

ئەينى يىللىرى چەت، يىراق بارلۇق تېغى رايونىدا، بىر قېتىملىق ئادەتتىكى نەپەس يولى يۇقۇملىنىش بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. تاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يەنە تارتماسلىقى ئۈچۈن، مېي ليەن ئۆزلۈكىدىن جۇڭگو تېبابىتىنى ئۆگىنىش يولىدا مېڭىش قارارىغا كەلدى.

مېي ليەن كۈندۈزى تاغقا چىقىپ ئەمگەك قىلسا، كەچتە ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، كىرسىن چىراغ يېقىپ، خىرە چىراغ نۇرىدا تىببىي كىتابلارنى جاپالىق ئۆگەندى. توپتوغرا ئۈچ يىلدا، مېي ليەن «جۇڭگو تېبابىتى ئاساسىي نەزەرىيەسى» قاتارلىق ئون نەچچە جۇڭگو تېبابىتى ئەسىرىنى ئوقۇپ تۈگەتتى.

1987 ـ يىلى يازدا، 161 ـ تۇەن 9 ـ ليەندىكى بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىپ قالدى، سەھىيە خادىمى سىرتقا چىقىپ كەتكەچكە، ليەنجاڭ تىت ـ تىت بولغان ھالدا مېي ليەننى ئىزدەپ كەلدى. مېي ليەن دەرھال بېرىپ بۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ كېسەل ئالامەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، تەرتىپ بويىچە قۇتقۇزۇپ داۋالاشقا باشلىدى... تۇنجى قېتىم داۋالاش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئاغرىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋالاپ ساقايتقان مېي ليەن تەدرىجىي ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشىنىدىغان ليەندۈي دوختۇرىغا ئايلاندى.

تاغ ئىچىدە يۈرۈپ دوختۇرلۇق قىلغاندا، ئويلاپ باقمىغان ھەر خىل كېسەللەر ئۇچرايدۇ، ئىچكى بۆلۈم، تاشقى بۆلۈم، ئاياللار بۆلۈمى، باللار بۆلۈمىدىن ئىبارەت ھەرقايسى بۆلۈملەردىكى كېسەللەرنىڭ ھەممىسىگە پىششىق بولۇش كېرەك. داۋالاش تېخنىكىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مېي ليەن ئىچكىرىدىكى جۇڭگو تېبابىتى داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ داۋاملىق ئوقۇدى، يەنە غەرب تېبابىتىنى كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىپ، يەرلىك تارقىلىشچان كېسەللەرنى، يۇقۇملۇق كېسەللەرنى داۋالاشنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى... داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەرنىڭ توپلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ دائىم كۆرۈلىدىغان ھەر خىل كېسەللەرنى داۋالاپلا قالماي، يەنە بەزى جاھىل كېسەللەرنىمۇ داۋالىيالايدىغان بولدى.

### دوختۇر بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەخلاق يېتىلدۈرۈش كېرەك

ليەندۈي ئەتراپىدىكى نەچچە ئون كىلومېتىر كېلىدىغان تاغ ئويمانلىقىدا قازاق مىللىتىدىن بولغان چارۋىچىلار ئولتۇراقلاشقان. قىشتا قېلىن قار تاغ يولىنى توسۇۋالغاندا تاغدىن چىققىلى بولمايتتى، كېسىلى ئېغىرلاشقاندا چارۋىچىلار مېي ليەندىن ياردەم سورايتتى، مېي ليەنمۇ چاقىرغان ھامان يېتىپ كېلەتتى. موتوسىكلىت مىنىش، نەچچە سائەتلەپ ئات مىنىش، ھەتتا ئون نەچچە كىلومېتىرلىق تاغ يولىنى پىيادە مېڭىش، بۇلار مېي ليەنگە ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى.

چارۋىچى داكىن تالداۋنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، 2005 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئۇنىڭ ئون ئايلىق نەۋرىسى ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قېلىپ، خوتۇنى، كېلىنى بالىنى كۆتۈرۈپ بەش ـ ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى 9 ـ ليەنگە بېرىپ مېي ليەننى ئىزدىگەن. شۇ چاغدا قېلىن قار تاغ يولىنى توسۇۋالغان، بالا تارتىشىپ قالغان، خوتۇنى تىت ـ تىت بولغانلىقتىن ئېغىزىغا قاپارتما چىقىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن. مېي ليەن بالا كىچىك، كېسىلى ئېغىر، ئەكىلىپ ـ ئەكەتكىچە يۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئىككەيلەننى بىر ئېغىز ئۆيىنى ئۇلارغا بوشىتىپ بەرگەن، چوڭ ـ كىچىك ئۈچەيلەن مېي ليەننىڭ ئۆيىدە ئون كۈن تۇرغان.

بىر قېتىم كېسەل كۆرۈپ بولغاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، قىسقا يەڭ كوپتا كىيىپ ئات مىنگەن مېي ليەن سەل توڭلىغاندەك ھېس قىلىپ، ئېگەر ئاستىدىن كىيىم ئالماقچى بولغاندا ئات ئۈركۈپ كەتتى. مېي ليەننىڭ بىر پۇتى ئۈزەڭگىگە ئىلىنىپ قېلىپ، ياۋا تىكەنلىكتە نەچچە ئون مېتىر يەرگىچە سۆرۈلۈپ ماڭدى. چارۋىچىلار ئۈركۈپ كەتكەن ئاتنى جېنىنىڭ بارىچە توسۇۋالغاندا، ئۇنىڭ دۈمبىسى، پۇتلىرى سۈرۈلۈپ گۆشلىرى تىتىلىپ كەتكەنىدى.

چارۋىچىلارنىڭ ھەممىسى تاغ باغرىدا ئولتۇرىدۇ، ئات تاغ ئىچىگە كىرىپ چىقالايدىغان بىردىنبىر قاتناش قورالى، ئات مىنمەي چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى قانداقمۇ كۆرگىلى بولسۇن؟ يارىسى ساقايغاندىن كېيىن، مېي ليەن داۋاملىق يولغا چىقتى. مېي ليەن مۇنداق دېدى: «مەن گەرچە يارىلانغان بولساممۇ، لېكىن چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقىنىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن».

ليەندۈيدە خىزمەت قىلغان ئاشۇ يىللاردا، تۇرمۇشى ئانچە باياشات بولمىغان مېي ليەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋە چارۋىچىلارنىڭ كېسەل كۆرستىشى ئۈچۈن پۇل ئۆتنە بەردى، 40 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك داۋالىنىش، دورا پۇلىنى ئۆز يېنىدىن تۆلەپ قويدى.

### دوختۇرخانىنىڭ تەرەققىياتىغا رىشتە باغلاش

كۆپ يىللاردىن بۇيان، مېي ليەن باشتىن ـ ئاخىر ئاساسىي قاتلامدا يىلتىز تارتىپ، ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، كەسپىنى قەدىرلەپ، تۆھپە قوشۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېزا ـ كەنت دوختۇرى، مەملىكەت بويىچە 8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى قاتارلىق ناملارغا ئېرىشتى، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى.

2012 ـ يىلى، مېي ليەن 161 ـ تۇەنچاڭ دوختۇرخانىسىغا كېلىپ خىزمەت قىلدى، كەسپىي تېخنىك خادىمدىن بىر دوختۇرخانا باشقۇرغۇچىسىغا ئايلاندى، مېي ليەننىڭ ئويلايدىغان ئىشى تېخىمۇ كۆپەيدى —— تېخىمۇ كۆپ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتكەن داۋالاش تېخنىكىسىنى ھازىرلىغان تىببىي خىزمەتچىلەرنى ئاساسىي قاتلامغا تولۇقلاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ليەندۈيدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرستىشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرستىشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇ ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چوڭ ئىش.

مېي ليەننىڭ قەتئىي بوشاشماي تىرىشىشىدا، 2014 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، شىخەنزە داشۆسى تىببىي شۆيۈەنى يازلىق تەتىلدە 161 ـ تۇەندە ئاساسىي قاتلام داۋالاش، سەھىيە مۇلازىمىتى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. ئارقىدىنلا، 2015 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شىخەنزە داشۆسى تىببىي شۆيۈەنى قارىمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا 161 ـ تۇەنچاڭدا شۆبە دوختۇرخانا تەسىس قىلدى، يىلدا تۆت ـ بەش مۇتەخەسسىس تۇەنچاڭ دوختۇرخانىسىدا ئۇزاق مەزگىل خىزمەت قىلدى، مېي ليەننىڭ كۆڭلىمۇ بارغانسېرى خاتىرجەم بولدى.

بۇ يىل 7 ـ ئايدا، مېي ليەن 9 ـ شى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئالدى، يېڭى خىزمەت ئورنىدا ئۇ يەنىلا ئىشەنچكە تولدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىر كومپارتىيە ئەزاسى يۈز ھەسسە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىلا، بارلىق مېھىر ـ مۇھەببەتنى ۋە چىن ھېسسىياتنى كەسپكە سىڭدۈرسىلا، چوقۇم ئامما ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلالايدۇ.